
# ياغاچ قونچاق پىنوككىو

كارلو كوللودى (ئىتالىيە)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى



كىچىك بىر كەنتتە جىپېتو ئىسىملىك نامرات بىر ياغاچچى ياشايدىكەن. ئۇ ھەتتا چۈشلىرىدىمۇ بىر ئوغلى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ: «مەن ياغاچ قونچاق ياساپ ئىسمىنى پىنوككىو قويايچۇ...» دەپ ئويلاپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

جىپېتو ئوبدان ياغاچتىن بىرنى تاللاپ، ئۇنى ئويۇپ، يونۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەڭ چىرايلىق ياغاچ قونچاق ياسىماقچى بوپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي جىپېتو پىنوككىونىڭ ئىككى پۇتىنى ياساپ بوپتۇ. بۇ ياغاچ قونچاق ئىككى پۇتى ياسىلىپ بولۇشى بىلەنلا ئۆينىڭ ئىچىدە سەكرەپ ـ تاقلاشقا باشلاپتۇ.


ئاپلا، چاتاق بولدى! پىنوككىو كوچىغا قېچىپ چىقىپ كەتتى!



جىپتو دەرھال ئارقىسىدىن قوغلاپ. كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ياغاچ قونچاقنىڭ بۇنداق تېز يۈگۈرگىنىدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن پىنوككو دادىسىغا ياخشى بالا بولۇپ تېزرەك راست بالىغا ئايلىنىشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پىنوككو مەكتەپتە ئوقۇشى كېرەكتە! شۇنىڭ بىلەن جىپتو ئۆزىنىڭ مىڭبىر جاپادا يىغىپ قويغان بەش لىرا (ئىتالىيە پۇل بىرلىكى) تەڭگە پۇلنى چىقىرىپ، پىنوككوغا ئېلىپبە كىتاب سېتىۋېلىشقا بېرىپتۇ.

پىنوككو ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ دادىسىغا چوقۇم كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كېلىشكە ماقۇل بوپتۇ.



يولدا ئۇنىڭغا بىر ياغاچ قونچاق تىياتىرخانىسى ئۇچراپتۇ. ئۇ شۇ زامان كىتاب سېتىۋېلىشنى ئۇنتۇپ، سەھنىگە چىقىپ يېڭى ھەمراھلىرى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر توكۇر تۈلكە بىلەن قارىغۇ مۈشۈك پىنوككونىڭ ئالدىغا كېلىپ: «سېنىڭ باي بولغۇڭ، قولۇڭدىكى بەش لىرا تەڭگە پۇلنى نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە ئونمىڭ لىراغا ئايلاندۇرغۇڭ يوقمۇ؟» دەپتۇ.

بۇ چاغدا ھېكايىمىزنىڭ بېشىدىن تارتىپلا پىنوككوغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان چېكەتكە پىنوككوغا: «تۈلكە بىلەن مۈشۈك ئالدامچى، ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمە!» دېگەن بولسىمۇ، پىنوككو ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماپتۇ.

ئۇ پەقەت باي بولۇپ دادىسىنى خۇشال قىلىشنىلا ئويلاپتۇ.






شۇنداق قىلىپ، تۈلكە بىلەن مۈشۈك پىنوككونى باشلاپ «غارايىباتلار تېغى» دېگەن جايغا ئېلىپ كەپتۇ. پىنوككو بۇ ئىككى ئالدامچىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەڭگىسىنى يەرگە كۆمۈپ سۇغىرىپتۇ.

«بىر دەمدىن كېيىن بۇ يەردىن چوڭ بىر تۈپ دەرەخ ئۆسۈپ چىقىدۇ، دەرەخ خۇددى 5 ـ ئايدا بۇغدايلىقتىكى باشاقلار بۇغداي دانلىرىغا تولۇپ كەتكەندەك تەڭگە پۇللارغا تولۇپ كېتىدۇ». پىنوككو مۇشۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن «غارايىباتلار تېغى» دىن ۋاقىتىنچە ئايرىلىپ، دالىغا ئوينىغىلى كېتىپتۇ.

ئەمما ئۇ قايتىپ كەلگەندە، ھېچنەرسە ئۈنۈپ چىقماپتۇ. تېخىمۇ نەس باسقىنى ئۇنىڭ ھېلىقى تەڭگە پۇلىمۇ يوقاپتۇ، ئىككى ئالدامچىمۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ!...

قاراڭلار پىنوككوغا! پۇل نەدىمۇ كۆكتاتقا ئوخشاش تېرىسىلا ئۈنىدۇ!؟

بىچارە ياغاچ قونچاق شۇندىلا چېكەتكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ.



پىنوككو ھازىر يالغۇز، يېنىدا بىر تىنىمۇ يوق، يەنە تېخى دادىسىدىن بەكلا يىراقتا. ئۇ يولدىن ئېزىپ قاپتۇ. ئۆزى يالغۇز قويۇق ھەم قاراڭغۇ ئورمانلىقتا نەچچە كۈن مېڭىپ يۈرۈپ، ئۇسساپ ھەم ھېرىپ كېتىپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا بىر پەرىزات پەيدا بوپتۇ.

— پىنوككو، سەن گەپ ئاڭلايدىغان، تىرىشچان، ياخشى بالىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پەرىزات.

— شۇنداق! شۇنداق دېيەلەيمەنكى، دادام چوقۇم مەندىن پەخىرلىنىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پىنوككو.


ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا بۇرۇنى ئۇزىراشقا باشلاپتۇ ۋە توختىماي ئۇزۇراۋېرىپتۇ.

— قارا سېنى، — دەپتۇ پەرىزات، — يالغانچىلىقىڭ بىردەمدىلا ئاشكارىلىنىپ قالدى. خۇددى بۇرنۇڭدەكلا ئېنىق دېگىنە.

پىنوككو قورقۇپ كېتىپتۇ. تەلىيىگە پەرىزات سېھىرلىك تايىقىنى بىرلا سىلكىپ ئۇنىڭ بۇرۇنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.











ئاق كۆڭۈل پەرىزات پىنوككوغا ئۆيىگە كېتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

بىراق، پىنوككو ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ھەرقانچە قىلىپمۇ دادىسىنى تاپالماپتۇ. ئەسلىدە ئەنسىرەپ ئىچى تىتىلداپ كەتكەن ياغاچچى ياغاچ قونچاقنى ئىزدەپ كەتكەنىكەن.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، جىپتو بىر قولۋاق ياساپ، ئوغلىنى ئىزدەپ دېڭىزغا چىقىپ كەتكەنمىش. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرمەپتۇ.

ئەجەبا، ئۇ قورقۇنچلۇق يوغان بېلىقلارغا يەم بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟

پىنوككو ئاق كۆڭۈل ھەم باتۇر بالا ئىكەن. شۇڭا ئۇ قانداق بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم سۆيۈملۈك دادىسىنى تېپ-پىشنى نىيەت قىپتۇ. ئۇ بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەي، دەرھال دېڭىزغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. چېكەتكىمۇ سەكرىگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ.

يولدا ئۇنىڭغا پەقەت ئويناشنىلا ئويلايدىغان كەپسىزجان ئۇچراپتۇ.

— يۈرە پىنوككو، مەن سېنى ئويۇنچۇق دۇنياسىغا ئاپىرىمەن! ئۇ يەردە بالىلار مەكتەپتە ئوقۇم-ىسىمۇ بولىدۇ، كۈنبويى خۇشال - خۇرام ئويناپلا يۈرىمىز، — دەپتۇ ئۇ پىنوككوغا.

پىنوككو رەت قىلماقچى بوپتۇ. چۈنكى ئۇ ھەقىقىي ياخشى بالىغا ئايلىنىمەن دەيدىكەن، چوقۇم دادىسىنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەككەن.







ئەمما پىنوككو بۇ قېتىممۇ ئېزىقتۇرۇشقا تاقابىل تۇرالماپتۇ. ئۇ كەپسىز-
جانغا ئەگىشىپ ئويۇنچۇق دۇنياسىغا كەپتۇ. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ
كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ.

نېمدېگەن چوڭ ئويۇنچۇق مەيدانى بۇ! بۇ يەردە ئايلانما ياغاچ
ئات، ھەر خىل ياخشى ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. ئويناپ ھار-
غاندا قويۇپ قويۇلغان پېچىنە، ئىچىملىكلەرنى يەپ - ئىچسە بولىدىكەن...
باللار ئەتىگەندىن كەچكىچە تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئوينايدىكەن.

پىنوككومۇ ئىختىيارسىز ئويناشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ھەي، ئادەملەر
ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلغاندا، ۋاقىت نېمدېگەن تېز ئۆتىدۇ - ھە!



ئەمما، ھاۋا ئۇچۇق بىر ئەتىگەنلىكى پىنوككو ئويغىنىپلا ئىككى قۇلىقىنىڭ ئالقاندىنمۇ بەكرەك چوڭىيىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

ئۇ تەخەيگە ئايلىنىپ قاپتۇ! مانا بۇ مەكتەپتىن قېچىشنىلا ئويلايدىغان كەپسىزلەرنىڭ جازاسى...

پىنوككو گەپمۇ قىلالماپتۇ. پەقەت تەخەيگە ئوخشاش «ھى – ئا! ھى – ئا!» دەپلا ھاڭرىيالايدىكەن. شۇ تاپتا بىرەرسى ئۇنى قۇتقۇزۇۋالالىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى – ھە! بىراق ھېچكىم ئۇنداق قىلماپتۇ، ھېلىقى پەرىزاتمۇ پەيدا بولماپتۇ.

ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم يوق ئىكەن. پەقەت ھېلىقى چېكەتكىلا ئۇنىڭغا توختىماستىن: «تېز بول پىنوككو، تېز بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ داداڭنى ئىزدە!» دەپ ئەسكەرتىۋېرىپتۇ.






چېكەتكە ياغاچ قونچاققا يول باشلاپتۇ. ئۇلار يۈگۈرۈپتۇ، يۈگۈرۈپتۇ، تاكى دېڭىزنىڭ قىرغىقىغىچە يۈگۈرۈپتۇ. ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنلەر يېتىشۋالايلا دەپ قاپتۇ. پىنوككو ئامالسىز دېڭىزغا سەكرەپتۇ. تەلىيىگە بېلىقلار غاجىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ تەخەي سىياقىدىن قۇتۇلۇپ، ياغاچ قونچاق ھالىتىگە قايتىپتۇ. بوران چىقىپ، چاقماق چېقىۋاتقان، قاتتىق يامغۇر يېغىپ دولقۇنلار ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىزدا، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ئالغا قاراپ ئۈزۈپتۇ...

ئەتىسى سەھەردە، ئۇ ئاخىرى دېڭىز دولقۇنلىرى ئارىسىدا مىدىرلىماي تۇرغان بىر پارچە يالغۇز قىيا تاشنى كۆرۈپتۇ.

پەرىزاتنىڭ قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پىنوككو ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. پەرىزاتنى كۆرۈش بىلەن تەك ھاياجاندىن يۈرەكلىرى سېلىپ، تېخىمۇ كۈچەپ پەرىزاتقا قاراپ ئۈزۈپتۇ. ئەمما ئۇ يېتىپ كېلەيلا دەپ قالغاندا، غايەت زور بىر كىت تۇيۇقسىزلا دېڭىز ئاستىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ پىنوككونى يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ.








پىنوككو كىتنىڭ قورسىقىغا سولىنىپ قاپتۇ. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇ ناھايىتى قورقۇپتۇ... دەل شۇ چاغدا ئۇ كىتنىڭ قورسىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ.

پىنوككو ئېھتىيات بىلەن بۇ يورۇقلۇققا يېقىنلىشىپتۇ. ئۇ بىر بوۋاينىڭ قولۋاق پارچىلىرى ئارىسىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ دادىسى جېپتو ئىكەن!





پىنوككو دادىسىنى كۆرۈپ ھەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا پەقەت: «دادام بىلەن بىرلىكتە كىتنىڭ قورسىقىدىن چىقىپ كېتىمىز» دېگەن خىياللا كەپتۇ.

«ھەي، پىنوككو، بىز چوقۇم چىقىپ كېتەلمەيمىز...» دەپتۇ دادىسى.

دەل مۇشۇ پەيتتە كىت چۈشكۈرۈپتۇ. پىنوككو پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، دادىسىنى تارتىپ كىتنىڭ چوڭ ئېچىلغان ئاغزىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئۇلار يۇگۈرۈپ كىتنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەپتۇ ۋە پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كىتنىڭ ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

نېمىدېگەن قالتىس! ئۇلار ئوڭۇشلۇق ھالدا قېچىپ چىقىپتۇ!





كىت ناھايىتى غەزەپلىنىپ ئۇلارنى قوغلاپتۇ. ئۇنىڭ قەھرىدىن دېڭىزدا بىر مەيدان دەھشەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.


پىنوككو بىلەن دادىسى بۇ شىددەتلىك دولقۇنلار ئارىسىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈزۈپ ھالىدىن كېتىپتۇ.

كىت يېتىشۋالايلا دەپ قاپتۇ. شۇ پەيتتە بىر ئالتۇنبېلىق ئۈزۈپ كېلىپ ئۇلارنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈۋېپتۇ ۋە كىتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قىرغاققا ئاچىقىپ قويۇپتۇ.

قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن، پىنوككو خاتىرجەم بوپتۇ. بىراق جىپتىن قىزىپ قاپتۇ.
ئۆيىگە قايتىدىغان يول ئۈستىدە ئۇلارغا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئىككى ئەبلەخ ئۇچ-
راپتۇ. ئەسلىدە بۇلار ھېلىقى تۈلكە بىلەن مۈشۈك ئىكەن. بۇ ئىككى ئالدامچى پۇلنى
خەجلەپ بولۇپ، يوقسۇزلۇقتىن تىلەمچىلىك قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىكەن.
پىنوككونى كۆرۈپ تۈلكە بىلەن مۈشۈك يەنە ھىيلە ئىشلەتمەكچى بوپتۇ. ئەمما بۇ
قېتىم پىنوككو ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سالماي يولىغا كېتىۋېرىپتۇ.
ئۇلار ئاخىرى ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. پىنوككو دادىسىنىڭ ھالىدىن ئىنتايىن
ياخشى خەۋەر ئاپتۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇ ئېتىزغا بېرىپ ئىشلىگەندىن باشقا، يەنە
سېۋەت توقۇپ پۇل تېپىپتۇ.
ئۇ يەنە تېخى خەت ئوقۇشنى، يېزىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ!









كۈنلەر ئۆتۈپ، پىنوككو ۋەدە قىلغىنىغا ئوخشاش گەپ ئاڭ-
لايدىغان، تىرىشچان، ياخشى بالىغا ئايلىنىپتۇ.
بۇنىڭغا ئەگىشىپ جىپتونىڭ كېسىلىمۇ ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ.
بىر كۈنى كېچىدە، پىنوككو غەلىتە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈ-
شىدە ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، ۋاپادارلىقىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، پە-
رىزات ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن بارلىق خاتالىقلىرىنى كەچۈ-
رۈم قىلىۋەتكۈدەك.
ئويغانغاندا، پىنوككو ئۆزىنىڭ راستتىنلا بىر ھەقىقىي بالىغا
ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ.
يارايسەن، پىنوككو! ئەگەر سەن ياخشى بالا بولساڭلا، ھەم-
مىنى ئۆزگەرتەلەيسەن!



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى

ISBN 978-7-5469-7137-7
9 787546 971377 >
定价：28.00元